ئابدۇقادىر جالالىدىن

پەن بىلەن سەنئەت يۈتكۈل دۇنياغا مەنسۇپ، ئۇلارنىڭ چېگرىسى يوق.

-گېيوتى[/align]

1

خىرىستىئانلار خۇدانى ئەقىل بىلەن ، شەيتاننى ھېسسىيات بىلەن سۈپەتلەيدۇ . دەرۋەقە ، ئەقىلغۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ھەيۋەت ، ھېسسىياتمۇ ئۆزىنىڭ نازاكىتى بىلەن سېھىرلىك .
ئەمما ، شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى ، ئەقىل بىلەن ھېسسىيات تامامەن ئايرىم نەرسىلەر ئەمەس ، بەلكى بىر-بىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە ماھىيىتىنى ئاستىرتتىن ئۆز ئارا بەلگىلىشىدىغان مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردۇر . ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىر تۇتاشلىقى ئادەم ئارقىلىق كونكرېتلاشقان .مەلۇمكى ، ئادەم ئاڭلىق ھايۋان . ئاڭ دەل ئاشۇ ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئىبارەت . ئەقىل ئۈستۈنلۈكى ئادەمنىڭ پەننىي ماھىللىقنى ، بۇلارنىڭ قايسى بىرى كونكرېتلىق سەھنىسىدە رول ئالسۇن ، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئادەمدە ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ زىددىيىتى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . كۆپ چاغلاردا شەيتان(ھېسسىيات)نىڭ ۋەسۋەسىسى ئادەمنى ئەقلىي ئاسىيلىققا گىرىپتار قىلىدۇ . "بەندە" دېگەن ئىبارىنىڭ مەنتىقىي مەزمۇنى دەل مۇشۇ يەردە . ئادەم ئاتا ۋە ئانىنىڭ بالىلىرى تا ھازىرغىچە ئەقلىي ۋە ھېسسىي يول بىلەن تىنچلىق ، پاراغەت ئىزدەپ كەلگەن ، ھەتتا ئەقلىنىڭ بۈگۈنكىدەك يۈكسەك پەللىسگە چىققان بولسىمۇ ، لېكىن غەيرىي ئەقلىنىڭ (ھېسسىيات) ئۆزىنىڭ روھىيەت ئالەمىدىكى ئورنىنى ھېچقاچان يوقىتىپ قويمىدى . ئادەمنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئەنە شۇ ئەقىل بىلەن ھېسياتنىڭ توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغان تراگېدىيە ئىچىدە تۇر سۈيىگە غەرق چىلىنىپ ياشايدۇ . بىر ئادەمنىڭ روھىدىكى بۇ سىرلىق مەنزىنى نېمىس شائىرى گېيۇتىنىڭ "فائۇست"ناملىق ئەسىرىدىكى مېفىستافىل بىلەن فائۇست ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەريانىدىن تەپسىلىي كۆرەلەيمىز . مېفىستافىل فائۇستنى ئۆزىنىڭ شەيتانلىق ھۈنىرىنىڭ ئىجراچىسى قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، فائۇست ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن غايىب ئورۇنغا چىقتى.
قانداقلا بولسۇن ، ئىنسان ئەقىلدىن ئىبارەت مەزمۇنىنىڭ بېسارەتچىسى ، شۇڭلاشقا ، ئىنسانغا ئەقىل

كېرەك . ھېسسىياتتىن تۇغۇلغان ئارزۇ ھەر دائىم ئەقلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ۋە ئاشىدۇ . "ئىنجىل " رىۋايەتلىرىدە بايان قىلىنىشىچە ، ئادەم شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە كىرىپ ، ئەقىل مېۋىسىنى يەپ قويغان . شۇنىڭ بىلەن بىر خىل ئۇياتلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ ، ئۆزىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى نىقابلاشقا ئۇرۇنغان ، نومۇسلۇق يېرىنى ياپقان . خۇدا ئادەمنىڭ يۇقىرىقى ئاسىيلىقى ئۈچۈن ئۇنى جازالاپ ، جەننەتتىن ھەيدىۋەتكەن . شۇ سەۋەبتىن ، ئاخىرى بىز ياشاۋاتقان بۇ ھاياتلىق دۇنياسى ئاپىرىدە بولغان . بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈنگە كېلىمىزكى ، ئەقلىمۇ ئادەمنىڭ نېسىۋىسى بولۇپ ئۇ پانىي ھاياتتىكى زۆرۈر نەرسە.

ئەقىل بىر خىل مۇكەممەللىك . بىراق ، بىز ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمىز . ئۇ ئىنساننىڭ ھەر خىل سەزگۈلىرى ، ھايۋانىي ۋە مەنىۋى ھەرىكەتلىرى ، ئالەم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ گارمونىيىسى ، ئۇنى قانداقتۇر بىرەر ئېنىقلىما ياكى كۆرسەتمە بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ئەقلىنىڭ ئەركىنلىك ئالىمگە بولغان يۈرۈشى ۋاستىلىك بولىدۇ . ھېسسىياتنىڭ ئەركىنلىك ئالىمگە بولغان يۈرۈشى بىۋاستە بولىدۇ . بىراق . ھەر ئىككىسى چىنلىقنى ئوكسىگېن قىلىدۇ.

2

بىزنىڭ بارلىق مەدەنىي مەشغۇلاتىمىزنىڭ ھەممىسى گۈزەل ، پاك جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .مائارىپتىن ئىبارەت بۇ ئاقارتىش ھەرىكىتىمۇ شۇنداق ، ئەلۋەتتە . شۇڭلاشقا ، مائارىپنىڭ تەركىبىدە ئەقىل ۋە ھېسسىياتنىڭ ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل ئىلىملەر بولغان (مەسىلەن ، تەبىئىي پەن ، ئىجتىمائىي پەن دېگەنلەردەك) . ناۋادا بۇلار تەڭ ئېلىپ بېرىلمايدىكەن ، تەرەققىيات تەپەككۇردىكى مۇۋازىنەت بۇزۇلۇپ پىكىر يۈزە بولىدۇ ، ھەققەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ساغلام بولالمايدۇ ، مۇكەممەللىككە قاراپ ئالغان قەدىمىمىز ئاستا بولىدۇ . ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى ۋە باشقا مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىن مەلۇمكى ، ھازىرقىغا نىسبەتەن ساددا دەۋرلەردىمۇ لوگىكا (ئىلمي مەنتىق ) ، ئاسترونومىيە ( ئىلمي نۇجۇم ) ، ئېستېتىكا (ئىلمي فاساھەت ) ، ماتېماتىكا (ئىلمي ھېساپ ) ، شېئىرىيەت ، تارىخ جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەر دەرسلىك قىلىنىپ تەڭ ئۆتۈلگەن . بىزدە يۇقىرىقى پەنلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز ئەقلىي كامالىتىدە مۇجەسسەملەپ سىستېمىلىق پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزگەن ئېنسىكلوپېدىك شەخسلەر بۇرۇن بولغان ئىدى . فارابى دەۋرى ياكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىنى ئەسلەپ باقىدىغان بولساق ، بۇ دەۋرلەردىن پەلسەپە ۋە شېئىرىيەتنىڭ يۈكسەك كامالىتىنى تاپالايمىز .

ئەمدى سەككاكى ، لۇتفى ، ناۋائىي قاتارلىق نەۋاتور شائىرلار باشلاپ بەرگەن شېئىرىيەتنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە بولغان جەريانىنى ئەسلەپ باقىدىغان بولساق ، بۇ بىر قانچە ئەسىر مابەينىدە مەيلى شەكىل نۇقتىسىدا ، مەيلى ئىدېئولوگىيە نۇقتىسىدا بولسۇن ، بىر خىل رەۋىشتىكى تەكرارلىنىشنىڭ بولغانلىقىنى سېزىمىز . مۇشۇ دەۋرلەردىكى شېئىرىيەت تارىخىمىز ئاساسەن ئاشىقلىق داستانىنىڭ

قايتىدىن يېزىلىشى ، گۈل ۋە بۇلبۇل قاتارلىق سىمۋولىستىك ۋاستىلەرنىڭ زىكرى قىلىنىشىدىن ئىبارەت بولدى . رۇشەنكى ، ناۋائىي ئەنئەنىسى بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ، راۋاجلاندۇرىدىغان نۇقتا ئەمەس ، ئۇنىڭ ئەكسىچە چوقۇنىدىغان نوقتىغا ئايلىنىپ قالدى . ناۋائىي نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بىر قانچە ئەسىرنىڭ ئېستېتىك ئالىمىنى يورۇتالىدى ؟ چۈنكى ، ناۋائىي ئەقىل ۋە ھېسسىياتنىڭ خەزىنىسىگە ئايلانغان ئىدى . بۇ خەزىنە ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ مىراسلىرى ، ئاندىن ھىندىلار ، پارىسلار ، گرېكلار دۇنياسىنىڭ گىرۋەكلىرى بىلەن تۇتاشقان ئىدى . شۇڭا ، ناۋائىي شېئىرىيىتى يۈكسەك پەلسەپىۋى قاتلامنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ، شۆھرەت سايىسىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ دائىرىگە يايالىدى . ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ناۋائىيلار ئوتتۇرىغا چىقتى ، لىكىن ، بۇ ناۋائىيلار ناۋائىينىڭ تۇغى ئاستىدىكى ناۋائىيلار ئىدى .

دېمەك ، ئەقىل ۋە ھېسسىيات بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ . مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىدا ھەر ئىككىسىنىڭ ئېلېمېنتلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئەقىل تەرەققىي قىلسا ، ھېسسىياتنىڭ ئەۋجىمۇ شۇنچە بالاغەتلىك بولىدۇ . پەن تەرەققىي قىلسا ، سەنئەتمۇ تەرەققىي قىلىدۇ . سەنئەت تەرەققىي قىلسا ، پەننىڭمۇ تەرەققىيات مەنزىرىسى كەيپىيات تەرىقىسىدە ئەكس ئېتىدۇ .

ھازىرچە سەنئىتىمىزنىڭ رېئال سەۋىيىسى ئۈستىدە گەپ ئاچماقچى ئەمەسمىز . لېكىن ، بۈگۈنكى سەۋىيىمىزدىن قانائەت تاپمايدىغانلىقىمىز ، بەلكى ئەھۋالىمىزدىن خۇرسىنىش ئىچىدە قالىدىغانلىقىمىز ھەممىگە ئايان . سەنئىتىمىزنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان ناز-كەرەشمىلىك پەردىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قايرىساق ، ئۇنىڭدىكى پىكىر نامراتلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ قالىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا مەتبۇئات ، كىنو-تېلېۋىزىيىلىرىمىزدىكى قالاقلىق (گەرچە يوقتىن بار بولغان بولسىمۇ) پەن ۋە تېخنىكىنى نېگىز قىلغان ئەقىل نامراتلىقىنى ئاشكارىلايدۇ . شۇنى دېمەي بولمايدۇكى ، ئەقىل نامراتلىقى سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىقنىڭ سەۋەبچىسى ، تارىختىكى ھەر قانداق سەۋەنلىك يەنىلا ئاشۇ ئەقلىنىڭ پەللىسى بىلەن باغلىق .

ئەقىل نامراتلىقى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان كېسەللىك مائارىپىمىزدا تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتمەكتە . ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ، ھەتتا چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا نەزەرىيە دەرس ئۆتكەندە ، ئوقۇغۇچىلار مۇنداق بىر خاھىشنى ئورتاق ئىپادىلىمەكتە : ھېكايە ، قىسسە ، لەتىپىلەر سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلار خېلى ئوبدان روھلىنىپ قالىدۇ . بىراق ، دەل شۇلار ئۈستىدىكى ئەقلىي خۇلاسىنىڭ مېۋىسى بولغان نەزەرىيە ۋە پەلسەپە سۆزلەنگەندە ، ئۇلارنىڭ دىققىتى چېچىلىدۇ . پەلسەپە ، لوگىكا ۋە ئېستېتىكىدىكى ئۇقۇملار شەرھلىنىۋاتقان جەريانىدا ، ئۇلاردا بىر خىل گاڭگىراش ، زېرىكىش ئالامەتلىرى يۈز بېرىدۇ . نەتىجىدە ، نەزەرىيىۋى بىلىملەر (ئەلۋەتتە ، ئەقىل ئۆرنەكلىرى ) قانچىلىك يېڭى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قوبۇل قىلالمايدۇ . مانا بۇ ـ ئۇزاتداۋاملاشقاتئەقىلنامراتلىقىنى بۈگۈنك ئەمەلىئىپادىسى .

ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزۇرچىلىقىمىزدا نەزەرىيۋى سىستېمىنىڭ بولماسلىقى ، تەتقىقاتلىرىمىزدا خاس ، ئۈنۈملۈك مېتودنىڭ بولماسلىقى يۇقىرىقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

ئامېرىكىلىق شائىر ۋە پەيلاسوپ ئېمىرسون : "دۇنيادىكى ئەڭ مۈشكۈل ئەمگەك-پىكىر قىلىشتۇر" دېگەن ئىدى .ئەمگەكنىڭ مەزمۇنى يالغۇز جىسمانىي ئەمگەك بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەكنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولىدۇ .ئاڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكىدەك زامانىۋى مۇھىتتا ، ئەقلىي ئەمگەك ئەمگەكنىڭ مەزمۇنىنى گۈزەللىك دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىغان ئاساسلىق تەركىبكە ئايلاندى . شۇڭلاشقا ، ئەقلىي ئەمگەك قىلالمىغانلار مەنىۋىيىتى پاجىئەلىك كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ھۇرۇنلار ھېسابلىنىدۇ . ئەپسۇس ، بىز ئەقىل جەھەتتە تولىمۇ قاششاق .

نېمىسلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى جەڭگىۋارلىقنى ، قاتتىق پىكىرلىك مىجەزىنى نامايەن قىلىدۇ . كانىت ، گېگىل ، فېيېرباخ ، لئوبنىېز ، گېيوتى ، بىتخوۋېن قاتارلىق دۇنياۋى مۆجىزىكارلار ئاشۇلارنىڭ قويىندا تۇغۇلغان . ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ماركسىزم مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولالمىغان . ئۇ يەنىلا ئەقىل ۋە ھېسسىيات ئامىللىرىنىڭ بىر-بىرىنىڭ راۋاجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا دائىر تارىخى پاكىت .

شېئىر-ھېسسىياتنىڭ ئويغىنىشى ، پەن-ئەقلىنىڭ ئويغىنىشى . پەلسەپە بۇ ئىككى خىل ئويغىنىشنىڭ بەلگىسى . ئارخېمىد : " ماڭا بىر دانە چېكىت بەرسەڭ ، يەر شارىنى يۆتكىۋېتەلەيمەن " دېگەن ئىدى .

ئارخېمىد ماتېماتىكا ئالىمى بولغاچقا ئۆزىنىڭ ئىلھامىنى گېئومېترىيىدىكى چېكىت ئارقىلىق ئىپادىلىگەن . مېنىڭچە ، بۇ پىكىردە ھەم شېئىر ، ھەم پەن ، ھەم پەلسەپە بار.

3

تەپەككۇر يۇكسەكلىكىگە ھەقىقىي ئېرىشەلىگەن كىشى ئىدېئولوگىيىنى خىلمۇ خىل پاسىللار بىلەن بۆلۈۋەتمەيدۇ ، جۈملىدىن پەن بىلەن سەنئەتنى بىر بىرىگە يېقىنلاشتۇرغۇچى ئەمەس ، بەلكى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قارىمۇ قارشى قۇتۇپلارغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ . بىر قىسىم ئېستېتىكلار سەنئەتنى بىۋاستە سېزىمنىڭ مەھسۇلى ، دەپ قارايدۇ (مەسىلەن ، كروچى ) ؛ ئوخشاشلا بىر قىسىم ئالىملارمۇ پەن ساھەسىدىكى يېڭى بايقاشلارنى بىۋاستە سېزىم بىلەن چۈشەندۈرىدۇ ( مەسىلەن ، ئېينشتېين ) . نىسپىيلىك نەزەرىيىسى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ، ئېنشتېيىندا مۇنداق بىر ئالامەت كۆرۈلگەن ئىكەن : بىر كۈنى ئەتىگىنى ئېينشتېيىن ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا تاماق شىرەسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن . لېكىن ، ھېچنەرسە يېمىگەن . ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل بىئارامىلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان . ئۇ بىر ئىستاكان قەھۋەنى زورلاپ ئىچكەندىن كېيىن پىئانىنونىڭ ئالدىدا بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەن ، ئارقىدىنلا پىئانىنونى زوق-شوخ بىلەن چالغان . ئۇ پىئانىنونى چېلىشتىن توختاپ

ئايالىغا : "ئاجايىپ بىر ئوي ، لېكىن دەپ بىرىش تولىمۇ قىيىن " دېگەنى ھېچكىمنى ئىشىتچەكمەسلىكنى تاپىلاپ كۈتۈبخانىسىغا كىرىپ كەتكەن . شۇندىن باشلاپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى .

1926 يىل ئېينىشتېيىتئامېرىكىنى كالىغورنىيى شتاتىدە لېكسىيە سۆزلەۋاتقاندا ، چارلىز.چاپلىن بىلەن ئۇچراشقان ئىدى . چاپلىن نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى سورىغاندا ، ئېينىشتېيىننىڭ خانىمى يۇقىرىقىلارنى سۆزلەپ بەرگەن . بۇنى ئاڭلىغان چاپلىن قايىل بولۇپ : " ئېينىشتېيىن ئەپەندى ، سىز ھەقىقەتەن بىر رومانتىزمچى سەنئەتكار ئىكەنسىز" دېگەن .

چاپلىن ناھايىتى توغرا ئېيتقان . تەپەككۇر جەھەتتىن لىرىك شېئىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ئالەم فىزىكىسىدىكى مۇتلەق ، روشەن ئۇقۇملارنىڭ ئالەمنىڭ ھەرىكەت قۇرۇلمىسىدىكى ئەمەلىيەتكە قويۇشى ئارقىلىق مەۋجۇتلۇق ۋە ئۇقۇمدىكى نىسپىيلىك قانۇنىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى . مانا بۇ يۈكسەك ئەقلىيلىكتىن كەلگەن بىۋاستە سېزىم ۋە ئالاھىدە سەنئەت .

نەزەرىيە نېمە ئۈچۈن مۇھىم ؟ چۈنكى ، ئۇ ئەمەلىيەت بىلەن ئىزچىل مۇناسىۋەتلىك بولۇپ تۇرىدۇ . ئالايلۇق ، ماتېماتىكىدىكى ئۇقۇملار ۋە فورمۇلىلار قارىماققا مۇتلەق ۋە روشەندەك كۆرۈنىدۇ . بىراق ، بىز ئۇنى چەكسىز ئالەمدىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن باغلاپ قارىساق ، ئۇندىكى مۇتلەقلىق ۋە روشەنلىك يوقىلىپ ، نىسپىيلىك ۋە غۇۋالىققا ئايلىنىدۇ . بىراق ، ئەمەلىيەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇقۇم ، ئەندىزە (مودېل ) ۋە فورمۇلا قاتارلىق ئەقىل ئالامەتلىرى بىلەن تولغان پەۋقۇلئاددە تىل ( كەسپىي تىل ) كېرەك . بۇ تىل ماھىيەتتە بىزنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بولغان مەنىۋى مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ھالقىلىرى بولۇپ ، مۇكەممەللىك ۋە ھەقىقەتكە يېتىشتىن ئىبارەت غايە ئارقىلىق گۈزەللىك قىممىتىگە ئېرىشىدۇ . ئومۇمەن ، ماتېماتىكىنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى چىنلىق ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ . سەنئەتنىڭ غايە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى گۈزەللىك ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ . چىنلىق گۈزەللىكتىن دېمەكتۇ ماتېماتىك بىلەن سەنئەت تەپەككۇر شەكلىدە باشقا باشقا بولسىمۇ يۇقىرىقى نۇقتىلاردا بىر خىل ئورتاقلىقنى ئىپادىلەيدۇ .

ماتېماتىكا ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا مول ئېستېتىكىلىق مەزمۇن ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى . لېكىن ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ، پەنلەر تەرەققىي قىلىپ ، ماتېماتىكا ، ئېتىكا ، ئېستېتىكا قاتارلىقلار ئايرىم پەنلەر سۈپىتىدە بىر بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ نۇقتىئۆزلىرىنىڭ دائىرىسىگە چۈشۈپ قويۇلدى . نەتىجىدە ، ماتېماتىكا ئىستېمالدىن ئىبارەت تار دائىرىدە چۈشىنىلدى . ماتېماتىكا تەرەققىي قىلىپ ، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ، يۇقىرىقى پەنلەر بىلەن تۇتىشىپ ، ئۆزىنىڭ ئىپىدائىي باسقۇچىدىكى مەنىسى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىدىغان بولدى .

ماتېماتىكا پلاتون ، پىغاگورلار دەۋرىگە قايتتى . ئۇلار پەننىڭ ئاشۇ ساددا دەۋرىدە تۇرۇپمۇ ، ماتېماتىكىنىڭ غايە ۋە گۈزەللىك ئۇستىدىكى ئىزدىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقنى تونۇپ يەتكەن . بۇنى تونۇپ يەتمىگەنلەرنى پلاتون "چوشقا " دەپ سۆپەتلىگەن ، ھەتتا ئۇ ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىدىغان مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا " گېئومېترىيە بىلمىگەنلەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت يوق " دېگەن پلاكاتنى ئېسىپ قويغان .

بۇ بىر پارچەشېئىر ياكى بىر پارچە رەسىم ئۇستىدە كېكەچلەۋاتىمىز . ئۇنداقتا ، تەپەككۇر گۈزەللىكى ئۇستىدىكى مۇھاكىمىدىن سۆز ئاچقىلى بولاتتىمۇ ؟ !

4.ھەر خىل چېكىش ئامىللارنىڭ مۇرەككەپ رولى تارىختىكى ئاجايىپ زور تاسادىپىيلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . شۇڭا ، تارىخنى نوقۇل سەنئەت بىلەنلا ياراتقىلى ، ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ . نوقۇل غەيرىي سەنئەت يولىمۇ مەڭگۈلۈك بولالمايدۇ . بۇلارنى چوقۇم بىر- بىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش كېرەك . شەيتان بولمىغان بولسا ئەقىل مېۋىسىنى يېيىشمىز ناتايىن بولار ئىدى ، ئەقىل بولمىغان بولسا شەيتاننى يېڭەلەيدىغان بولاتتۇق . بىراق ، بىز ھازىرقى شارائىتتا ، ئەقلگە كۆپرەك موھتاج .

بىر مىللەتتە ، بىر دەۋردە كىشلەر كۈتكەن بىر سەنئەتكار ، بىر ئالىم ، بىر پەيلاسوپ مەيدانغا كېلىدىغان ، شۇ مىللەت ،شۇ دەۋر ئۈچ دانكونىڭ يۈرىكىگە ئىگە بولىدۇ

تۈگىدى

بايانات : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ھەرقانداق ئېلكتابنىڭ ئەسلى ماتېرىياللىنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى شۇ ماتېرىيال يوللانغان توربەت ھەم شۇ توربەتكە يوللىغۇچى ئاپتورغا مەنسۇپ !!!

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ئېلكتابلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە بىرقىسىم پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى ، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ . ئەگەر قانۇنسىز باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ بىرەر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ . <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!!

يۇقىرىقىلاردىن باشقا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكتابقا نىسبەتەن پىكىر-تەلەپلىرىڭىز بولسا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> نىڭ QQ توپى : 55451683

